مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن - قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# بىرىنچى سەپتىكى ئاخبارات قەھرىمانى جاڭ يۆ



جاڭ يۆنىڭ سۈرىتى (ماتېرىيال سۈرەت).
□شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، شىئەن تېلېگراممىسى** (مۇخبىر لى خاۋ) «دادام ئۆمۈر بويى پارتىيەگە سادىق بولدى، بىز ئاكا - ئۇكا، ئاچا - سىڭىللار كىچىكىمىزدىن تارتىپلا ئۇ سۆزلەپ بەرگەن ئىنقىلابىي ھېكايىلەرنى ئاڭلىغان. ۋەتەننى سۆيۈش، پارتىيەنى سۆيۈش، خەلقنى سۆيۈش بىزنىڭ ئائىلە تەربىيەمىزگە ئايلانغان.» جاڭ يۆنىڭ ئوغلى جاڭ ۋېنبو مۇنداق دېدى: دادام سەكراتقا چۈشۈپ قالغاندا ئائىلىدىكىلەرگە پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مەنپەئەتىگە خىلاپ ئىشلارنى مەڭگۈ قىلماسلىقنى تاپىلىغان.

جاڭ يۆ، 1919 - يىلى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ شۈنيى ناھىيەسى دىمياۋ بازىرى شىنيۇ كەنتىدە تۇغۇلغان، 1937 - يىلى ئىنقىلابقا قاتناشقان، شۇ يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن. 1939 - يىلى 1 - ئايدا، جاڭ يۆ شەنشى - گەنسۇ - نىڭشيا چېگرا رايونى لۇ شۈن سىفەن مەكتىپىنى پۈتكۈزۈپ، گۇەنجۇڭ شۆبە رايونى ئامانلىق ساقلاش بۆلۈمىگە تەقسىم قىلىنىپ مەدەنىيەت ئوقۇتقۇچىسى بولغان، شۇ يىلى 3 - ئايدا، شىننىڭ ناھىيەلىك ئامانلىق ساقلاش بۆلۈمىگە ئەۋەتىلىپ، تەكشۈرۈپ ئىستاتىستىكىلىغۇچى، كاتىپ ۋە رازۋېدكا خادىمى بولغان.

1940 - يىلى 6 - ئايدا، جاڭ يۆ شەنشى - گەنسۇ - نىڭشيا چېگرا رايونى ئامانلىق ساقلاش باشقارمىسىنىڭ ئاخبارات خادىملىرىنى تەربىيەلەش كۇرسىدا ئوقۇپ، شۇ يىلىنىڭ ئاخىرى ئوقۇشنى تاماملاپ، دۈشمەنگە قارشى كۆرەشنىڭ ئالدىنقى سەپ بازىسىدا خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشقا باشلىغان. گۇەنجۇڭ شۆبە رايونى ئامانلىق ساقلاش بۆلۈمىنىڭ ئاخبارات كاتىپى، ئامانلىق ساقلاش باشقارمىسى 1 - بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى، ئامانلىق ساقلاش باشقارمىسىنىڭ ئامانلىق ساقلاش كاتىپى، قوشۇمچە جەمئىيەت بۆلۈمى رازۋېدكا بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. بۇ مەزگىلدە، جاڭ يۆ چېگرا رايوندا ئۇزاق مۇددەت دۈشمەن ئىشپىيونلىرى بىلەن ئەقىل - پاراستىگە تايىنىپ باتۇرانە ئېلىشىپ، كەسكىن سىناقلارنى باشتىن كەچۈرگەن.

1946 - يىلى 7 - ئايدا، جاڭ يۆ جەمئىيەت بۆلۈمى 2 - بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقلىقىنى ئۆتىگەن، شۇ يىلى 12 - ئايدا، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى 1 - دالا ئارمىيەسى 4 - زۇڭدۇيى سىلىڭبۇسىدا ھەربىي ئاخبارات مەسلىھەتچىسى ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ، ئىشپىيونلارنى تۇتۇش، دۈشمەن ئورگىنىنىڭ ھۆججەتلىرىنى توپلاش قاتارلىق ئاخبارات خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولغان.

1947 - يىلى 5 - ئايدا، جاڭ يۆ قوشۇن بىلەن بىللە ياۋشيەن ناھىيەسىنى ئازاد قىلىش جېڭىگە قاتنىشىپ، شەھەرگە كىرىش خىزمىتى تۈەنى قوغداش گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى بولغان. بۇ ئۇرۇشتا دۈشمەننىڭ 400دىن ئارتۇق ئادىمى ئەسىرگە چۈشۈپ، نۇرغۇن قورال - ياراغ ۋە ماددىي ئەشيا غەنىيمەت ئېلىنغان، جاڭ يۆ نۇرغۇن ئىشپىيوننى تەكشۈرۈشكە مەسئۇل بولغان.

1948 - يىلى 2 - ئايدا، جاڭ يۆ يۆتكىلىپ جەمئىيەت بۆلۈمى 2 - بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقلىقىنى ئۆتىگەن، تاشقى ئاخبارات خىزمىتىگە مەسئۇل بولغان.

1948 - يىلى شىفۇ جېڭىدىن كېيىن، يەنئەن ئامانلىق ساقلاش باشقارمىسىنىڭ ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغىنىغا كۆپ يىل بولغان ئاخبارات كۆچى شۈنيى ناھىيەسىدە ھاكىم قوشۇمچە قوغدىنىش تۈەنىنىڭ تۈەنجاڭى بولغان، بۇ چاغدا ئۇ ئازاد رايونغا كېلىشىشكە ئادەم ئەۋەتكەن ، ئاخبارات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقلىقىنى ئۆتەۋاتقان جاڭ يۆ ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشكەن، تەشكىل ئۇرۇش تەرەققىياتىغا ماسلىشىپ، بۇ قىسىمنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشىنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى قارار قىلغان. جاڭ يۆ بىر ئاي ۋاقىت ئىچىدە، ئالدىنقى سەپكە ئون نەچچە قېتىم بېرىپ - كېلىپ، قوزغىلاڭ ئىشىنى كونكرېت ئورۇنلاشتۇرغان، ئاخىرىدا ئىككىنچى يىلى 2 - ئاينىڭ 12 - كۈنى كېچىدە قوزغىلاڭ تاماملانغان. قوزغىلاڭچىلار يۇقىرىدا ھاكىم، قوشۇمچە قوغدىنىش تۈەنىنىڭ تۈەنجاڭى، تۆۋەندە قوغدىنىش تۈەنىنىڭ جەمئىي 400دىن ئارتۇق ئوفىتسېر - ئەسكىرى ئىدى.

1949 - يىلى 3 - ئايدا، تۇڭچۈەننى ئازاد قىلغاندا، جاڭ يۆ تۇڭچۈەن ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتى قوغداش بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقلىقىنى ئۆتىگەن. شۇ يىلى 5 - ئايدا، ئۇ بىر بەن مۇھاپىزەتچى قىسمىنى باشلاپ لىنتۇڭنى ئازاد قىلىپ، لىنتۇڭ ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقلىقىنى ئۆتىگەن. شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن، جاڭ يۆ ھەرقايسى ئورۇنلارغا ماددىي ئەشيا، ھۆججەت، ئارخىپ ۋە بارلىق ئاممىۋى نەرسە - كېرەكلەرنى قوغداش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، پۈتۈن ناھىيەدىكى ھەرقايسى رايونلارغا لىنتۇڭنىڭ ئازاد قىلىنغانلىقىنى جاكارلىغان. ھەم خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن قورال - ياراغلارنى يىغىۋېلىپ، باندىتلارنى يوقىتىش، ئاختۇرۇپ تۇتۇش جەھەتتىمۇ گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، جاڭ يۆ غەربىي شىمال ھەربىي - مەمۇرىي كومىتېتى جامائەت خەۋپسىزلىكى بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى، مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى، مەركىزىي مۇھاپىزەت ئىدارىسى مۇھاپىزەت باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى، شىنىڭ شەھەرلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شىنىڭ شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى، شەنشى ئۆلكىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باش تەپتىشى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

1985 - يىلى، جاڭ يۆ دەم ئېلىشقا چىققان، 2002 - يىلى 9 - ئايدا كېسەل سەۋەبىدىن بەختكە قارشى ۋاپات بولغان.

بۈگۈنكى كۈندە، جاڭ يۆنىڭ يۇرتى نامرات ھالەتتىن خوشلاشتى، شۈنيى ناھىيەسىنىڭ دىمياۋ بازىرى شىنيۇ كەنتى 2017 - يىلى 12 - ئايدا نامرات كەنت قاتارىدىن چېكىنىپ چىقتى، شۇ جايدىكى ئاممىنىڭ تۇرمۇشىدا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىش يۈز بەردى.

# ساۋ گوخۇا: ئوتتىن قورقمايدىغان قەھرىماننىڭ ياشلىقتىكى بۈيۈك ناخشىسى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، خاڭجوۋ تېلېگراممىسى** (مۇخبىر تاڭ تاۋ) 2003 - يىلى 1 - ئايدا، ئەمدىلا 24 ياشقا كىرگەن بىر ئوت ئۆچۈرۈش خادىمى خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلۈك بىخەتەرلىكىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، جېجياڭ نىڭبونىڭ فېڭخۇادىكى بىر قېتىملىق ئوت ئۆچۈرۈش، ئوت ئاپىتىدىن قۇتقۇزۇش جېڭىدە ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ھاياتىنى تەقدىم قىلدى. كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى، يەنە بەش ئايدىن كېيىن، ئۇ جۇڭگو خەلق قوراللىق ساقچى قىسىم شۆيۈەنىنى پۈتتۈرۈپ كۆزەتتى.

ئۇنىڭ ئىسمى ساۋ گوخۇا، 1979 - يىلى 3 - ئايدا تۇغۇلغان، جېجياڭ جىنخۇادىن. 1997 - يىلى 12 - ئايدا، ئوت ئۆچۈرۈش خادىمىدىن ئىبارەت بۇ كەسىپكە بولغان ھۆرمىتى ۋە ئىنتىلىشى بىلەن، ساۋ گوخۇا جىنخۇا شەھەرلىك ئوت ئۆچۈرۈش تارماق ئەترىتى دۇڭياڭ چوڭ ئەترىتىدە بىر ئوت ئۆچۈرۈش خادىمى بولدى. ئۇ جاپا - مۇشەققەتتىن قورقماي، جاپاغا چىداپ مەشىق قىلىپ، ئوت مەيدانىدا جان تىكىشكە جۈرئەت قىلدى، ئاتلىنىشقا جۈرئەت قىلدى، ئۇنىڭ غەيرەت - شىجائىتى ئۇرغۇپ تۇراتتى، سەپداشلىرى ئۇنىڭغا «پىداكار يىگىت» دەپ لەقەم قويغانىدى.

1999 - يىلى 12 - ئايدا، دۇڭياڭ ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرى زاۋۇتىدا ئېغىر، زور ئوت ئاپىتى ۋەقەسى يۈز بەردى، ئوت مەيدانىدا، ساۋ گوخۇا تەشەببۇسكارلىق بىلەن جەڭگە بېرىشنى تەلەپ قىلىپ، باشقا ئىككى ئوت ئۆچۈرۈش خادىمىنى باشلاپ، ھەر ۋاقىت پارتلاش ئېھتىمالى بولغان خەۋپ - خەتەرگە قارىماي، ئوت مەيدانىدىن 11 ئوكسىگېن تۇڭى، ئالتە سۇيۇقلاندۇرۇلغان گاز تۇڭىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك قۇتقۇزۇپ چىقتى، تارماق ئەترەت ئۇنى شەرەپ بىلەن بىر قېتىم شەخسىي 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى دەپ خاتىرىلىدى. شۇ يىلى 12 - ئايدا ساۋ گوخۇا شەرەپ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىردى.

2000 - يىلى 7 - ئايدا، ساۋ گوخۇا جۇڭگو خەلق قوراللىق ساقچى قىسىم شۆيۈەنگە ئىمتىھان بېرىپ كىردى. 2003 - يىلى 1 - ئايدا، ئۇ نىڭبو شەھىرى فېڭخۇا رايونلۇق ئوت ئۆچۈرۈش چوڭ ئەترىتىدە پىراكتىكىغا تەقسىم قىلىندى. شۇ يىلى 1 - ئاينىڭ 29 - كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 3لەردە، ئوت ئۆچۈرۈش چوڭ ئەترىتى ئىچىدە ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالى توختىماستىن چېلىندى: فېڭخۇادىكى بىر مامۇق كىيىم پىششىقلاش زاۋۇتىغا ئوت كەتكەنىدى. ساۋ گوخۇا ئەترەتنى باشلاپ نەق مەيدانغا يېتىپ كەلگەندە، قويۇق ئىس - تۈتەك كۆتۈرۈلۈپ، ئوت يالقۇنى پەلەككە يەتكەنىدى. ساۋ گوخۇا دەرھال جىددىي ئوت ئۆچۈرۈش جېڭىگە ئاتلاندى.

ساۋ گوخۇا ئالدى بىلەن شوپۇرنىڭ ئوت ئۆچۈرۈش ئاپتوموبىلىنى يولنىڭ شەرق - غەرب يۆنىلىشىنى بويلاپ شىمال يۆنىلىشى بويىچە توختىتىشقا قوماندانلىق قىلدى، ئاندىن تېزلىكتە ئاگاھلاندۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئاپتوموبىللاردا ۋەقە يۈز بېرىشتىن ساقلاندى. مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن، يەنە دەرھال سۇ چىقىرىپ ئوت ئۆچۈردى. ھالبۇكى، ئوت بارغانسېرى ئۇلغايدى ھەم تېزلىكتە ئەتراپقا يامرىدى، بىر سۇ مىلتىقى ئوت كۈچىنى ئەسلا كونترول قىلالمىدى، ساۋ گوخۇا دەرھال ئوت ئۆچۈرۈش ئاپتوموبىلىنىڭ ئارقا ئوڭ تەرىپىگە يۈگۈرۈپ بېرىپ، كوزۇپنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، سۇ شلەنكىسىنىڭ ئېغىزىنى ئاپتوموبىل پومپىسىغا ئۇلاپ سۇ چىقىرىپ، ئىككىنچى سۇ مىلتىقى بىلەن ئوت ئۆچۈرۈشكە تەييارلاندى. دەل شۇ چاغدا، تاسادىپىيلىق تۇيۇقسىز يۈز بەردى.

شۇ كۈنى ھاۋا تۇتۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە قويۇق ئىس - تۈتەك كۆتۈرۈلۈپ تۇرغاچقا، نەق مەيداندىكى كۆرۈش دەرىجىسى بەك ناچار ئىدى، قائىدىگە خىلاپ ھالدا ناھايىتى تېز كېتىۋاتقان بىر ئاپتوموبىل ئوت ئۆچۈرۈش ئاپتوموبىلىنىڭ ئارقا ئوڭ تەرىپىگە سوقۇلدى، سۇ پومپىسىنىڭ كىلاپىنىنى ئۇلاۋاتقان ساۋ گوخۇا شۇ ھامان قاتتىق سوقۇلۇپ، نەچچە مېتىر يىراقلىققا قاڭقىپ يەرگە يىقىلىپ، ساپ قېنى ئېقىشقا باشلىدى. سەپداشلىرى دەرھال ھوشىدىن كەتكەن ساۋ گوخۇانى دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىپ جىددىي قۇتقۇزدى.

دوختۇرنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن جىددىي قۇتقۇزۇشى ئارقىلىق، قەيسەر ساۋ گوخۇا بىر مەھەل ئېغىر ھوشسىز ھالەتتىن ھوشىغا كەلدى. ھالبۇكى، يارىسى يۇقۇملىنىپ ئەگەشمە كېسەللىك كۆرۈلگەچكە، 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى كەچتە ساۋ گوخۇانىڭ قايتا - قايتا قىزىتمىسى ئۆرلەپ يانماي، يەنە بىر قېتىم ھوشىدىن كەتتى. دوختۇرنىڭ جىددىي قۇتقۇزۇشى ئۈنۈم بەرمىدى، دوختۇرخانا ئىككىنچى كۈنى سەھەردە مېڭىسىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى جاكارلىدى. بەدىنى بەستلىك، ئادەتتە ناھايىتى ئاز زۇكام بولىدىغان ساۋ گوخۇانىڭ تەن ساپاسى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، دوختۇرخانا مېڭىسىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى جاكارلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ يۈرىكى يەنىلا توپتوغرا تۆت كۈن قەيسەرلىك بىلەن سوقتى، 2 - ئاينىڭ 28 - كۈنى كەچ سائەت 11دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە ئاندىن دۇنياغا چەكسىز قىيالمىغان ھالدا، مەڭگۈلۈك كۆز يۇمدى.

ساۋ گوخۇا يارىلانغان ھەم قۇربان بولغاندىن كېيىن، سەپداشلىرى بەس - بەستە تەرەپ - تەرەپتىن يېتىپ كەلدى. بىر سەپدىشى سىرتتا بولۇپ قېلىپ كېلەلمەي، ئالايىتەن جىنخۇادا خىزمەت قىلىۋاتقان ئانىسىغا نىڭبوغا بېرىشنى ھاۋالە قىلدى. كۆپچىلىك يىغلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭ ئىسمىنى تۋۋلىدى: «گوخۇا، سەن كەتمەسلىكىڭ كېرەك ئىدى!»

ساۋ گوخۇا ھەققىي ئادەتتىكى دېھقان ئائىلىسىدىن ئىدى. ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا دېھقان پەرزەنتلىرىنىڭ ئېسىل پەزىلىتىگە ۋارىسلىق قىلغان. ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتىگە كەلگەن بەش يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتا، ساۋ گوخۇا ئانچە كۆپ بولمىغان ياردەم پۇلىدىن ئائىلىسىنى قامداشقا ئىشلىتىش ۋە ئىنىسىنى ئوقۇتۇشنى باشقا، يەنە «ئۈمىد قۇرۇلۇشى» «ئانا دەريانى قوغداش» ھەم ئاپەت يۈز بەرگەن رايونلاردىكى قېينچىلىقى بار ئاممىغا 1000 يۈەندىن كۆپرەك ئىئانە قىلغان.

2003 - يىلى 3 - ئايدا، جۇڭگو خەلق قوراللىق ساقچى قىسىم شۆيۈەنى يولداش ساۋ گوخۇاغا ئىنقىلابىي قۇربان دەپ نام بەردى ھەم 1 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى دەپ تولۇقلاپ خاتىرىلىدى. يۇرتنىڭ تاغ يولى ئەگرى - بۈگرى بولۇپ، يەلپۈنۈپ تۇرغان ياپيېشىل بامبۇكلار قەھرىماننىڭ يىراقتىكى سىيماسىنى توسۇۋالالمايدۇ. يېشىل تاغلار ئۈزاققىچە كۆكىرىپ تۇرىدۇ، قەھرىماننىڭ نامى مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ.

# جامائەت خەۋپسىزلىكى نەمۇنىچىسى چېن ۋېيگو: ئېغىر يارىلانغاندىمۇ خىزمەتدىشىنىڭ غېمىنى يېيىش

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، شاڭخەي تېلېگراممىسى** (مۇخبىر جۇ خۇڭ) گەرچە 17 يىل ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، خىزمەتدىشى چېن گاڭ ئەينى چاغدىكى مەنزىرىنى خۇددى كۆز ئالدىدا ئېنىق تۇرغاندەك ئەسلەپ مۇنداق دېدى: «مەن يېتىپ بارغاندا، لاۋچېن ھېلىقى پاكار بىر قەۋەتلىك ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئولتۇرغان بولۇپ، بەدەن ئەھۋالى بەكمۇ ناچار ئىكەن. مەن ئالدىغا بېرىپ ئۇنى يۆلەپ، لاۋچېن، نېمە بولدىڭىز؟ دەپ سورىسام، ئۇ كۆچەپ غەيرەتكە كېلىپ، مەن بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن، لاۋ جى تېخىچە ئىچىدە ... بۇنىڭ ئۇنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر جۈملە سۆزى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئويلىماپتىكەنمەن. لاۋ چېن يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىرگەندىن كېيىن يېڭى تۇرمۇش كەچۈرۈشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ كۈننى ساقلىيالمىدى».

2003 - يىلى 2 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، چاغاندىلىق دەم ئېلىشتىن كېيىنكى تۇنجى خىزمەت كۈنى ئىدى. چېن ۋېيگو ئىلگىرىكىگە ئوخشاش بالدۇرلا ئىدارىسى — شاڭخەي شەھىرى پۇدۇڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى شۆبە ئىدارىسى جىنياڭ شىنسۈن ساقچى مەھكىمىسىگە ئىشقا كەلدى. چوڭ كوچا يەنىلا قويۇق بايرام كەيپىياتىغا چۆمگەن بولۇپ، گۈزەل ھەم تىنچ ئىدى.

چۈشتىن كېيىن سائەت 14تىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، جىنياڭ شىنسۈن ساقچى مەھكىمىسى قارىمىقىدىكى رايون نەنشىچياۋدىكى بىر ئاھالە تۇرالغۇسىدا بىرسىنىڭ ئېيىپەت - نومۇسنى سېتىشنى تەشكىللىگەنلىكىنى ساقچىغا مەلۇم قىلغانلىق مەلۇماتىنى تاپشۇرۇۋالغان. چېن ۋېيگو سەپدىشى جى شىنكەي بىلەن دەرھال ئاپتوموبىل ھەيدەپ يېتىپ بارغان. نەق مەيدان كۈن چۈشمەيدىغان قاراڭغۇ پاكار بىر قەۋەتلىك ئۆي ئىدى. چېن ۋېيگو بىلەن جى شىنكەي ئىشىكتىن كىرىپلا تۆت نەپەر قانۇنغا خىلاپلىق قىلغۇچىنى نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ قولغا چۈشۈرگەن. ئۇلار تۆت ئادەمنى ئېلىپ قايتىپ بېرىپ تەكشۈرمەكچى بولغاندا، شايكا ئەزالىرى لىيۇX ، خەنX قاتارلىق ئۈچىنىڭ ئارقا تەرەپتىن تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشىغا ئۇچرىغان.

شۇ ئارىدا، چېن ۋېيگونىڭ بېشىغا خەنX خىش بىلەن قاتتىق ئۇرغاندىن كېيىن، تامنىڭ بۇلۇڭىغا يىقىلغان. ئەمما قەيسەر ئىرادىلىك چېن ۋېيگو يېنىدا ئېلىپ يۈرگەن راتسىيەنى چىقىرىپ تىرەپ تۇرۇپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن ياردەم كۈچ ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلىپ: «تېز، تېز ئادەم ئەۋەتىڭلار، ئەسكى ئادەملەر قېچىپ كەتمىسۇن» دېگەن. قارا نىيەتلەر چېن ۋېيگونىڭ راتسىيە بىلەن ساقچىغا مەلۇم قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئالاقزادە بولۇپ، ئەلپازىنى بۇزۇپ، قارا قولىنى سالغان...

قەھرىمان قانغا مىلىنىپ يىقىلغان، قارا نىيەتلەر ئالدى - كەينىگە قارىماي قېچىپ كەتكەن.

ياردەمگە كەلگەن سەپداشلىرى ئالدىدا، چېن ۋېيگو: «مەن بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن، لاۋجى تېخىچە ئىچىدە» دەپلا ھوشىدىن كەتكەن. 2003 - يىلى 2 - ئاينىڭ 12 - كۈنى سائەت 11دىن 17 مىنۇت ئۆتكەندە، چېن ۋېيگونىڭ يارىسى بەك ئېغىر بولغاچقا، قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان، شۇ يىلى ئۇ ئاران 45 ياشتا ئىدى.

ئون يىلدىن كېيىن، لاۋ چېننىڭ ئوغلى چېن دۇڭئېر شېنياڭ جىنايى ئىشلار ساقچى شۆيۈەنىنى پۈتكۈزۈپ، شاڭخەي شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى جىنايى ئىشلار رازۋېدكا باش ئەترىتىگە ئىمتىھان بېرىپ كىردى. بالا ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ، قىلچە پۇشايمان قىلمىدى.

«مەن كىچىكىمدىنلا ساقچىلىقتىن ئىبارەت بۇ كەسىپنى ياخشى كۆرەتتىم، بۇمۇ دادامنىڭ تەسىرىدىن بولدى. كىچىك ۋاقتىمدا، ئاتا - ئانامنىڭ خىزمىتىنىڭ خاراكتېرى تۈپەيلىدىن، ئۇلار ئۆيدە ماڭا خىزمەتتىكى ئىشلارنى ناھايىتى ئاز سۆزلەيتتى. قىزىقىش ۋە چوقۇنۇش، ماڭا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ۋاقتىمدىلا فورما كىيىپ، ساقچى بولۇشقا بەل باغلاتقۇزدى. ئانام دادامنىڭ قۇربان بولغانلىقى سەۋەبىدىن بىر مەزگىل مېنىڭ ساقچى بولۇشۇمدىن ئەنسىرىگەن بولسىمۇ، لېكىن كېيىن يەنىلا مېنىڭ تاللىشىمنى ناھايىتى قوللاپ، دائىم ماڭا، خىزمەتنى ياخشى ئىشلە، داداڭغا داغ تەگكۈزسەڭ بولمايدۇ، دەپ تاپىلايدىغان بولدى» دېدى چېن دۇڭئېر.

«چېن ۋېيگو ئىنتايىن پۇختا ئادەم بولۇپ، ئىشنى ئەستايىدىل، ئىنچىكە، ئاخىرىغىچە داۋاملاشتۇرۇپ قىلاتتى. ئۇ دائىم: ‹ئادەم بولۇشتا ئەستايىدىل بولۇش كېرەك› دەيتتى». ئەينى چاغدا چېن ۋېيگو بىلەن بىللە ۋەزىپە ئىجرا قىلىشقا چىققان ھەم ئېغىر يارىلانغان جى شىنكەي مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: «ئەينى چاغدا مەن ئەمدىلا جىنياڭ ساقچى مەھكىمىسىگە يۆتكىلىپ كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي، ۋېيگو بىلەن يېرىم يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت بىللە ئىشلىدىم، مۇناسىۋىتىمىز ناھايىتى ياخشى ئىدى. ۋەقە يۈز بەرگەن كۈنى، ئەمەلىيەتتە ۋېيگو زۇكام بولۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ساقچىغا مەلۇم قىلىش بۇيرۇقىنى ئاڭلىغان ھامان، يەنىلا ھېچنېمە دېمەستىن ۋەزىپىگە ئاتلاندى».

قىزغىنلىق چېن ۋېيگونىڭ بەلگىلىرىنىڭ بىرى. ئۇ ياردەمسىز قالغان ئاتا - ئانىغا ياردەملىشىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنى تېپىپ بەرگەن؛ يەنە قىزىق ياغدا كۆيۈپ يارىلانغان، ھېچقانداق تۇغقىنى بولمىغان ئىشلەمچى قىزنى قۇتقۇزۇپ ياردەم بەرگەن... ئىشنى كۆپ قىلىپ، گەپنى ئاز قىلىشمۇ، چېن ۋېيگونىڭ بەلگىسى ئىدى.

چېن دۇڭئېر مۇنداق دېدى: قەلبىمدىكى ئەڭ چوڭ ئەپسۇسلۇق «بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ يېڭى ئۆيدە جەم بولالمىغانلىقىمىز.» ئىلگىرى چېن ۋېيگو بىر ئائىلىدىكى ئۈچ جاننىڭ تۇرالغۇ شارائىتى بىرقەدەر ناچار ئىدى، كېيىن پۇل يىغىپ يېڭى ئۆي سېتىۋالغانىدى. «ئېسىمدە قېلىشىچە، چاغاننىڭ 7 - كۈنى دادام ئانامغا: چاغاندىن كېيىن ئىشقا چۈشۈپلا يېڭى ئۆينىڭ ئاچقۇچىنى ئالالايمەن، بىزەش ئىشنى پىلانلاشقا توغرا كېلىدۇ، دېگەنىدى...» دېدى چېن دۇڭئېر. يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىرىپ يېڭى تۇرمۇشنى باشلىماقچى بولغان بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ لاۋ چېننىڭ قەھرىمانلارچە قۇربان بولۇشى سەۋەبلىك مەڭگۈلۈك ئايرىلىپ كېتىشىنى ھېچكىممۇ ئويلىمىغانىدى.

«دادام قەلبىمدىكى قەھرىمان ۋە ئۈلگە، مەن تىرىشىپ ئۆزۈمنى ‹ئالاھىدە جەڭ قىلالايدىغان› جىنايى ئىشلار رازۋېدكا قوشۇنىدا ئۆسۈپ يېتىلدۈرىمەن، كۈنلەرنىڭ بىرىدە دادامنىڭ قەبرىسى ئالدىدا پەخىرلەنگەن ھالدا ئۇنىڭغا ئۆزۈمنىڭ جىنايى ئىشلار ساقچىسى توغرىسىدىكى ھېكايەمنى سۆزلەپ بېرىمەن» دېدى چېن دۇڭئېر.

(بېشى 1 - بەتتە)

شۇ كۈنى، يوپۇرغا ناھىيەسىنىڭ يەكشەنبە بازىرى موغالئېرىق كەنتىدە، كەنت ئاھالىلىرى چىلگە قوغۇن تېرىش ئۈچۈن، قوش يوپۇقلۇق كىچىك لاپاس ياسىدى.

«بۇ يىل ئامال قىلىپ دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى كۆپ يول ئارقىلىق كۆپەيتىمىز.» موغالئېرىق كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ۋۇ لىڭخۇا مۇنداق دېدى: چىلگە قوغۇن بالدۇر بازارغا كىرىدۇ، پايدىسى كۆپ، دېھقانلارنىڭ تېرىش ئاكتىپلىقىمۇ يۇقىرى، مۆلچەرىمىزچە، بۇ يىل ھەربىر ئائىلە قوغۇن تېرىشتىن 3000 يۈەندىن 5000 يۈەنگىچە كىرىم قىلىدۇ.

بۇ بىر نەچچە كۈندىن بۇيان، ماناس ناھىيەسىنىڭ لوتۇيى بازىرى خىلياڭ كەنتىدىكى كۆكتاتچى دېھقانلار مايسا ئۆستۈرۈش، ئۇلاش بىلەن ئالدىراش ئۆتتى. نۆۋەتتە، پۈتۈن كەنتتە 11 دېھقان ئائىلىسى 52 مايسا يېتىشتۈرۈش پارنىكى سالدى، يىلىغا 4 مىليون تۈپتىن ئارتۇق تۈرلۈك كۆكتات مايىسسى يېتىشتۈرۈپ، بۇ ناھىيە ۋە ئەتراپتىكى جايلارغا ساتىدۇ، مايسا يېتىشتۈرىدىغان دېھقان ئائىلىلىرى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 50 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلىدۇ.

«يېشىل يولغا تايىنىپ، ئۇرۇقلۇق، خىمىيەۋى ئوغۇت، دېھقانچىلىق دورىسى قاتارلىق يېزا ئىگىلىك ئەشيالىرىنى توشۇش راۋانلاشتى، بىز سۈپەت، مىقدارغا كاپالەتلىك قىلغان ئاساستا كۆكتات مايىسلىرىنى يېتىشتۈرىمىز» دېدى خىلياڭ كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى لۇ چۈەن.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار يېزا ئىگىلىك ئەشيالىرىنى تەڭشەش، تەقسىملەپ توشۇشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى قىلىپ، توشۇش يوللىرىنى راۋانلاشتۇردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاممىنى تەشكىللەپ يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمانلىرىنى مۇددەتتىن بۇرۇن تەكشۈرۈپ رېمونت قىلدى.

ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلان ئېتىز پەرۋىشى بىلەن ئالدىراش بولدى، «بارماق»تا ئەتىيازلىق تېرىلغۇ تەييارلىقى قىلىش... تېرىقچىلىق قىلىشنى «بىلىش»تىن «ئەقلىي» تېرىقچىلىق قىلىشقىچە، ئەقلىي يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كەڭ ئومۇملاشماقتا.

كۆكتوقاي ناھىيەسىنىڭ تاماكا يېزىسى تۈزباي كەنتىدە، ئاشلىق تېرىش چوڭ ئائىلىسى ياڭ ۋېيدۇڭ ئىلگىرى ئىزچىل يۇقىرى ھوسۇلنى قوغلىشىپ، ھوسۇل ئارقىلىق پايدىنى ئاشۇرۇپ كەلگەنىدى. «بىراق بۇ بىرقانچە يىلدا ياخشى بولمىدى، جەزمەن سۈپەتلىك ئاشلىق تېرىش كېرەك.» ئۇ ھازىر ئاساسلىق زېمىننى يېڭى سورتقا قاراتتى، بولتۇر «شىنچۈن 41 - نومۇر»نى سىناق قىلىپ تېرىۋىدى، بۇغداينىڭ سۈپىتىدە زور ياخشىلىنىش بولدى.

كۆكتوقاي ناھىيەلىك يېزا ئىگىلىك - يېزا ئىدارىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى جيۇ جيەنجياڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: بارغانسېرى كۆپ چوڭ ئائىلىلەر يېزا ئىگىلىكنىڭ تېپىنى ئۆزگەرتىشكە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ماسلىشىپ، ھوسۇلنى كۆزلەشتىن سۈپەتنى كۆزلەشكە ئۆزگىرىپ، بازارنىڭ يېشىل، بىخەتەر، سۈپەتلىك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئېھتىياجىنى قاندۇردى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)